■4 ـ ماي ھەرىكىتىدىن بۇيانقى 100 يىل جۇڭگو ياشلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ ئىلگىرىلىگەن 100 يىل، جۇڭگو ياشلىرى ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى ئارقىلىق ياشلىق باھارى ئۇرغۇغان جۇڭگو، ياشلىق باھارى ئۇرغۇغان مىللەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن 100 يىل.

■يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى 4 ـ ماي روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئۈمىدى، خەلقنىڭ ئۈمىدى، مىللەتنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماسلىقى، بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ دەۋرىمىزنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقى كېرەك. بىرىنچى، ئۇلۇغۋار غايە تىكلىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، ئۇلۇغ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، دەۋر مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىشى كېرەك؛ تۆتىنچى، باتۇرانە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىشى كېرەك؛ بەشىنچى، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك؛ ئالتىنچى، ئەخلاق ـ پەزىلەتنى تاۋلىشى كېرەك.



2019 ـ يىل 5 ـ ئاي

1

چارشەنبە

维吾尔文5月1日

# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24682 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


# 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

## شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى

لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتناشتى ۋاڭ خۇنىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى




4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى **دىڭ لىن** فوتوسى




4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى **لى شۆرېن** فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى.** 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 4 ـ ماي ھەرىكىتىدىن بۇيانقى 100 يىل جۇڭگو ياشلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ ئىلگىرىلىگەن 100 يىل، جۇڭگو ياشلىرى ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى ئارقىلىق ياشلىق باھارى ئۇرغۇغان جۇڭگو، ياشلىق باھارى ئۇرغۇغان مىللەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن 100 يىل. يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلار ھەرىكىتىنىڭ باش تېمىسى، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلار ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشى، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرىنىڭ بۇرچى دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق بىلەن بىللە «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت.

لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن يىغىنغا قاتناشتى.

خەلق سارىيى چوڭ زالىنىڭ كەيپىياتى ھەيۋەتلىك، قىزغىن ئىدى. رەئىس سەھنىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى» دېگەن يىغىن بەلگىسى ئېسىلغان، كەينىدىكى پەردىنىڭ دەل ئوتتۇرىغا «1919 ـ 2019» دېگەن قىزىل خەت بەلگىسى ئېسىلغان، ئون قىزىل بايراق ئىككى تەرەپكە بۆلۈپ تىزىلغانىدى. چوڭ زالنىڭ 2 ـ قەۋىتىدىكى كۆرۈش سۇپىسىغا ئېسىلغان لوزۇنكىغا: «يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئۇلۇغ 4 ـ ماي روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلار ھەرىكىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ گۈزەل ياشلىق سەھىپىسىنى تىرىشىپ پۈتەيلى!» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇن، پۈتۈن مەيداندىكىلەر يۇقىرى ئاۋازدا «مەن ۋە ۋەتىنىم»، «كومپارتىيە بولمىسا يېڭى جۇڭگو بولمايتتى»، «شەرەپلىك جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى»، «ۋەتەننى كۈيلەيمەن» قاتارلىق ناخشىلارنى ئېيتتى، يىغىن مەيدانىدا قاينام ـ تاشقىنلىققا چۈمگەن ياشلىق قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

شى جىنپىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار يىغىن مەيدانىغا كىرگەندە، ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە يىغىن باشلاندى. ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، دۆلەت شېئىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى.

قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى(سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى 2 ـ، 3 ـ بەتتە بېرىلدى). ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقى، شۇنداقلا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. بۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي پەيتتە، بىز بۇ يەردە داغدۇغىلىق يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، 4 ـ ماي پېشۋالىرىنىڭ ئالىيجاناب ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ۋە ئىنقىلابىي روھىنى ياد ئېتىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەۋاتىمىز، بۇ، 4 ـ ماي روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى، بولۇپمۇ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى تېزلىتىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى بېنياڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر بەي جيې)** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بېيجىڭدا لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى بېنياڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو ـ لائوس تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو ـ لائوس مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋرنى ئورتاق ئېچىشنى خالايدىغانلىقىنى بىردەك بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ بېنياڭنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولغانلىقى ھەم 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىگە قاتناشقانلىقىنى قارشى ئالدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى:

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# 4 ـ ماي روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئۇلۇغ دەۋرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق

## ــــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

بۇ يىل 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقى، شۇنداقلا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىلەن بىرلىكتە تەنتەنىلىك خاتىرىلەش يىغىنىنىڭ ئەھۋالىنى كۆردى.

كۆپچىلىك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ياشلار روناق تاپسا دۆلەت گۈللىنىدۇ، ياشلار كۈچەيسە دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، يېڭى دەۋردە ئۇلۇغ 4 ـ ماي روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز.

### ■روھ يالقۇنىنى مەڭگۈ ئۆچۈرمەيمىز

4 ـ ماي ھەرىكىتى ۋەتەننى سۆيۈش، ئالغا ئىلگىرىلەش، دېموكراتىيە، ئىلىم ـ پەننى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئۇلۇغ 4 ـ ماي روھىنى يېتىلدۈردى، ئۇنىڭ يادروسى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىشخانا مۇدىرى ۋاڭ يارۇ مۇنداق دېدى: «يېڭى دەۋر جۇڭگو ياشلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز 4 ـ ماي روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتەننى سۆيۈش قەلبىمىزنى ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ھېسسىياتىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، نىزام چىقىرىش، نازارەت قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشقا كۈچ قوشىمىز».

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ لائوس جۇڭگو ـ لائوس دوستلۇقى نۇگىبىك كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا جاۋاب خەت يازدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى.** لائوس جۇڭگو ـ لائوس دوستلۇقى نۇگىبىك كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى جۇڭگوغا كېلىپ 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىنىڭ ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇش شۆبە مۇنبىرىگە قاتنىشىش ئالدىدا، بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، لائوس تەرەپنىڭ جۇڭگو ـ لائوس دوستلۇقى نۇگىبىك باشلانغۇچ مەكتىپنى قۇرۇشقا ياردەم بەرگەنلىكىگە بولغان سەمىمىي رەھمىتىنى ۋە «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشتەك ئاكتىپ ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. شى جىنپىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇلارنى جۇڭگو ـ لائوس دوستلۇقىنىڭ ئىزباسارلىرىدىن بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)